ئىسلامىيەت گۈلىستانى

# قائىدە بىلگەن ئادەم تۆگە ئېرىشىدۇ

(قوتادغۇبىلىك)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ

(قۇتادغۇبىلىك)


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

懂规矩的人受人尊敬：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-753-5

I. 懂… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024523 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　懂规矩的人受人尊敬
策　划　穆拉提·伊力
主　编　阿迪力·穆罕默德
编　著　艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　版　新疆美术摄影出版社
　　　　新疆电子音像出版社
地　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　编　830000
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　本　880×1230 毫米　1/32
印　张　3.125
版　次　2009 年 3 月第 1 版
印　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-80744-753-5
定　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-753-5
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 – 1085) نىڭ ھاياتى ۋە دىداكتىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تېپىلىش، تەتقىق قىلىنىش جەريانى ۋە ئۇ كىتابتىكى تەلىم - تەربىيىگە دائىر مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا بايان قىلىندى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ

ئۇ بۈگۈن يەنە چۈش كۆردى. چۈشىدە خۇددى ئالدىنقى قېتىمقىدەكلا ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىپ چىقتى....

چەكسىز بوشلۇق، ئەتراپتا نە هاياتلىق، نە تۇپراق، دېڭىز - ئوكيان يوق. ساماۋى كۆكتە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن كۆكۈچ رەڭلىك بۇلۇتلاردىن ئۆزگە هېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بېشىغا قەشقەرنىڭ چىرايلىق بادام دوپپىسىنى كانۋاي كۆڭلەك بىلەن ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋالغان قۇتلۇق ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتمەكتە... تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا 60 ياشلاردىن هالقىغان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، يۈزى سەل - پەل سوزۇنچاقراق، ئاق ئۆڭلۈك، رەڭگى سۇزۇك، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى يارىشىملىق، نىسبەتەن يادىڭغۇ، پۈتۈن تۇرقىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي پەيدا بولدى. ئۇ بوۋاينى كۆرۈپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇلۇغ بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم. بۈگۈن مىجەزىڭ باشقىچىلا تۇرىدىغۇ؟ بىرەر يېرىڭ ئاغرىپ قالدىمۇ — نېمە؟

— ياق. ئۇلۇغ بوۋا!

— ئەمىسە روهىي كەيپىياتىڭ نېمىشقا شۇنچە تۆۋەن.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىرقانچە كۈن بولدى كەيپىياتىم تازا

جايىدا ئەمەس، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىم، قانداق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقىنىم ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ. خۇددى مەن بۇ جاھانغا بىھۇدە يارىلىپ قالغاندەك ھېس - تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئادەملەر ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ تەنها ئارالغا جايلىشىشنى ئارزۇلاۋاتقاندەك بىر ھالەت مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا بوۋا.

— ئۆز روھىي ھالىتىڭنى كونترول قىل، ئوغلۇم. ئۆزىنى تۇتقۇچى ئەر بەخت تاپقۇچى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇچۇن ئالتۇن - كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە، ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز، كۈمۈشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ. پىششىق بولۇشنى خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش كېرەك. ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزىنى ئىشەنچلىك تۇتۇش كېرەك. ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ. ئىش - ھەرىكىتى توغرا بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ، مىجەزى ياخشى بولسا، تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ. ياخشى مىجەزلىك كىشى ھەرقانداق جايدا قەدىرلىنىدۇ. ساۋاب بىلەن ياخشىلىق ئەل ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. شۇڭا، سەن ئارتۇقچە ئويلاردا بولما. ھەرقانداق ئىش بولسا تارتىنماي ماڭا ئېيتقىن، ئوغلۇم!

— رەھمەت بوۋا، رەھمەت. مەن سىلىگە ھەممىنى ئېيتاي. مېنىڭ ئىسمىم قۇتلۇق، ئائىلەمنىڭ كېلىپ چىقىشى دېھقان. بىز جەمئىي تۆت پەرزەنت بولۇپ، بىرسى ئون ياشقا كىرگەن يىلى مەھەللىمىزدىكى كۆلچەككە چۆشۈپ كېتىپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ئالدىنقى يىلى رەھمەتلىك ئىنىمنىڭ يېنىغا سەپەر قىلدى. ئائىلىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاشۇ جاپاكەش دادامغىلا قالدى.

ئىككى ئاچام بۇرۇنلا تۇرمۇشلۇق بولغاچقا، دادام بىردىنبىر ۋارىسى بولغان ماڭا تېخىمۇ ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپ، خەلققە يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ چىقىشىم ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاتماي ئايىمۇ ئاي ئاز بولسىمۇ پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغاچقا، دادامنىڭ ئازراق پۇلنى جۇغلىشىمۇ ناھايىتى تەسكە توختايتتى. مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، بۇ مۇبارەك زېمىنىمىزغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ھەر قايسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئەمما ئىلىم يولىدا توسۇقلار نۇرغۇن ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى، مەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىپ زۆرۈر بولغان كىتاب - ماتېرىياللارنى سېتىۋالالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىرەر ئىش تېپىپ قىلىپ، تاپقان پۇلغا يارىشا بىرەر كىتاب سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم ۋە شۇنداق قىلدىم. كىم بىلسۇن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆلكىسىگە قالدىم. ئۇلار ماڭا «نەسىھەت» قىلىپ: بىر كۈن جاپالىق ئىشلەپ بىر كىتاب سېتىۋالىدىغان ئەخمەقلىقىڭنى قوي، سەن ھەر قانچە زور بەدەللەرنى تۆلەپ ئىشلەپ، نەتىجە ياراتساڭمۇ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتسەڭمۇ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىشلەيدىغان ئورنۇڭ يەنىلا تويا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىراق سەھرا. خىزمەت شارائىتى ياخشى ئورۇنلار پەقەت ئەمەل - مەنسىپى بارلارنىڭ پەرزەنتلىرىگىلا ئىلىلىق چىراي ئاچىدۇ. سەندەكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىسەن. شۇڭا، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاۋارە قىلماي، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ «ياشىسۇن ئاتمىش نومۇر»، «ئاتمىش ئۈچۈن كۈرەش، ئاتمىش بىر ئىسراپخورلۇق» دەپ

شوئار تۇۋلاپ:

سۇئاللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
سىناققا قالدۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئاتمىش نومۇرنى.

دېگەن ناخشىغا ئىگىشىپ، ئازغىنە ئوقۇش پۇرسىتىدە قانغۇدەك ئويىنىۋال، بۇنداق پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ... دەپ تولا سۆزلەپ بېشىمنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ئەتە يەكشەنبە مەن يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئىشلەشكە چىقىپ ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىپ، ئۆزۈمدىن بىرى ئېلىشىنى ئويلاۋاتقان ھېلىقى كىتابنى سېتىۋالايمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ساۋاقداشلىرىمنىڭ «كۆيۈنۈش» لىرى ئالدىدا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. ماڭا يول كۆرسەتسىلە بوۋا، مېنىڭ قىلغانلىرىم خاتامۇ؟

— ياق، ئوغلۇم! سەن توغرا قىلدىڭ. بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم، چىداملىق بول، چىداملىق بولغان ئەر دۈشمىنىنى يېڭەلەيدۇ. بىلىم يولىدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى باش ئەگدۈر، بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ نەرسە دەپ بىل. بۇ ئىككىسى خىللانغان بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ. كىمدە ئىدراك بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ. بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ. بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان تامغىدۇر. بىلىم بىر بايلىقتۇركى، ئۇ زادى كەمبەغەللەشمەيدۇ، ھېلىگەر ئوغرىلارمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ. بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتۇر، بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر. كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن

پەرقلىنىدۇ. بىلىملىك كىشى ئۆز نىسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ. بىلىم، ئەقىل - ئىدراك توغرۇلۇق ئۇستازلىرىمىز كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان. بولۇپمۇ ياالقۇنلۇق ھېسسىيات ساھىبى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىز ئەبۇ نەسىر فارابى ھەزرەتلىرى ئىخچام قىلىپ: «ئەقىل - روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر... ئۆز سۈپەتلىرىنى پەقەت پەزىلەتلىك پائالىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ياكى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتتىن قاچۇرغان ئەقىل - پاراسەتلىك ئەقىلدۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. شۇڭا، سەن بىراۋلارنىڭ نىمىلەرنى دېيىشىگە قۇلاق سالما، پەقەت ئۇلار ساڭا ياخشى يول كۆرسەتسىلا ھەقىقىي دوستۇم دەپ بىل. ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال چوڭلارغا مەسلىھەت سال. ئۆز بېشىمچىلىق قىلما، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچىلەردىن كېڭەش سورىما، چۈنكى ئۇنداقلاردىن ساڭا مەنپەئەت تەگمەيدۇ، چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ، مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۇزۇن بولىدۇ، كىشى ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتكۈزىدۇ، نېمە ئىش قىلىشىڭ ھەققىدە كىشىلەر بىلەن كېڭەش، كېڭەشمەيدىغان كىشىگە قېتىلما، يىراقلاش، قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ كېڭىشىپ، ئاندىن قىل، تىلەك - ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن قىل، تىرىشقىن، كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر، ھەرقاچان ئۆز ئۆلۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەن سېنىڭ بۇندىن كېيىن ھەر خىل ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشىشىڭگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، ئۆزۈم يېزىپ چىققان مۇنۇ ئەسەرنى ئارمىغان قىلاي، پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلارسەن.

بوۋاي شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ چىرايلىق دۇخاۋىغا ئورالغان قېلىن بىر كىتابنى قۇتلۇققا بېرىپ قويۇپ، قانداق پەيدا بولغان

بولسا، يەنە شوئنداق تېزلىكتە غايىب بولدى. قۇتلۇق بوۋاي بەرگەن كىتابنى ئالدىرىماي ھاياجان ئىلكىدە ئاچتى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزىگە زۇمرەت رەڭلىك مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت بېسىلغان مۇقەددەس بىلىملەر خەزىنىسى كۆرۈندى. ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ئەتراپىغا قاراپ بوۋاينى چاقىردى.

— يۇسۇپ بوۋا؟! يۇسۇپ بوۋا؟!

قۇتلۇق شۇنداق توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. تۆت جۈپ سىنىم كارىۋات قويۇلغان ئوقۇغۇچىلار ياتىقى جىمجىت ئىدى. گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئويغاق بولسىمۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشماي ئۇغرى مۇشۈكتەك ماراپ يېتىشاتتى. تۇيۇقسىز ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، قۇتلۇقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سىنىم كارىۋاتتا ياتقان ئارسلان قۇتلۇققا سۆز قىلدى.

— سەنمۇ ئويغىنىپ كەتتىڭمۇ، قۇتلۇق.

— ھەئە، ئويغىنىپ كەتتىم.

— سائەت نەچچە بولدى؟

— ئەمدى ئالتە بوپتۇ ئەمەسمۇ؟

— ھەي، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يېغىلىش مۇزىكىسىنى قويۇپ بەرگەن بولسا، ئۇيقۇمىزنى ئاچالماي قالار ئىدۇق - ھە! باشقا چاغدا، ئويغىنالماي دەپمۇ ئويغىنالمىغان، بۈگۈنكىدەك دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇيقۇ كەلمىگەن؟ تازا بىر ئىش بولدى - دە، بۇ. بىر ھېسابتا مۇشۇ گىمناستىكىغا يېغىلىش مۇزىكىسىنى «ئۇيقۇ كەلتۈرۈش مۇزىكىسى» دەپمۇ ئاتىساق بولىدىكەن.

— ئەجەبمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلدىڭغۇ، ئارسلان، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ياتقان باشقا بالىلارمۇ جانلىنىپ سۆز قىستۇرۇشقا باشلىدى. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ كىچىككىنە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ياتاق ئىچى بىر مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلانغاندەك تۇس بەردى. بىرى بىر ئىشنى دېسە، يەنە بىرى ئۇنى رەت قىلاتتى. بىرى كېچە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلسا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا خالىغانچە چۈش تەبىرى بېرىپ ئۇنى كۈلكە ئاستىغا ئالاتتى. ئەمما قۇتلۇق ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا بىردەم ھەمدەم بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي قايتىپ كىرىپ ياتاقداشلىرىغا سۆز قىلدى.

— ھەي ئاغىنىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، كونىلاردا «سەھەر تۇرغان ئىنتتىن قورق» دېگەن گەپ بار. ئۇخلىمىغاندىكىن يېتىۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى!

— بولىدۇ، ئىت ئەپەندى، تۇرساقمۇ تۇرايلى، ھېلى بىكار بىزنى چىشلەپ قويمىغىن يەنە!

ياتاقنى قاتتىق كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى، بۇ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتىدىغان ئىلتەبىرنىڭ ئاۋازى ئىدى. قۇتلۇق ئۇنىڭغا قاراپ زەردە بىلەن:

— ئىلتەبىر، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆز قىل جۇمۇ، توخۇ پوق يېمەستە ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى ۋە دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان چايدانىنى ئېلىپ ئىلتەبىرگە ئالىيىپ قويۇپ، چايخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ كېچە كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆزىنى خېلىلا خۇشال ھېس قىلدى، خۇددى ئۇزاقتىن بېرى يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىغا خۇشال بولغاندەك كەيپىياتقا چۆمدى. چايخانىدىن چاينى ئېلىۋېتىپمۇ يەنە شۇلاردىن ئۆزىنى تارتالمىدى. راست، بۇ ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك چۈش ئىدى. ئۇ ياتاققا كىرىۋېتىپ بۈگۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ئۇ چاي ئېلىپ ياتاققا كىرگەندە ئىككى ياتاقدىشى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئىدى.

ئېلتەبىر بولسا، يەنە ئورنىدىن تۇرماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ قۇتلۇق ياتاقتا كىرىشكىلى:

— قۇتلۇق، سەنمۇ تازا قىزىق ئىكەنسەن. «سەھەر تۇرغان ئىتتىن قورق» دەيدىكەنسەن، ئورنۇڭدىن بۇرۇن تۇرغاندىكىن سەندىن قورقايلى دېسەك خاپا بولىدىكەنسەن. چاقچاق قىلغاننى چۈشەن. سەھەر تۇرساق بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكىلەر ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىمىز بولمىسا، ياتماي نېمە قىلىمىز - ھە! يە دېدى قۇتلۇقنىڭ ئاچچىقىنى تازا كەلتۈرۈپ.

— بوپتۇ، نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن. «ئىتلار ھاۋشىۋېرىدۇ، كارۋانلار يۈرۈۋېرىدۇ»— قۇتلۇق شۇنداق دېگەچ تونۇگۈن ئەكىلىپ سومكىسىغا سېلىپ قويغان ناندىن بىرنى ئېلىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن 10 مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆردى. ئاندىن كىچىك سومكىسىنى ئېلىپ ئىشلەش ئۈچۈن يول ئالدى. ئۇ سومكىدا قۇتلۇقنىڭ كونا كىيىملىرى بار بولۇپ، ئىشقا بارغاندا ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى. بۇندىن بىر يىل بۇرۇن قۇتلۇق يولۋاس ئىسىملىك بىر قورۇلۇش ھۆددىگىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ شۇنىڭدىن بېرى، ھەر يەكشەنبە كۈنى شۇنىڭ يېنىدا لاي ئېتىش، لاي توشۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ كېلىۋاتاتتى. يولۋاس بولسا ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك، سەمىمىي، باشقىلارغا قىلچە يامانلىق قىلمايدىغان كىشى بولغاچقا، قۇتلۇقنىڭ ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەر ھەپتە قۇتلۇقنىڭ ئاز ئىشلىگەن ياكى كۆپ ئىشلىگەنلىكىگە قارىماي 30 يۈەندىن بېرىپ كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇقمۇ بار كۈچى بىلەن ئىشلەپ ئۇنى رازى قىلىپ، بەرگەن پۇلغا شۇ كۈنىلا ئۆزى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كىتابلارنى سېتىۋالاتتى.

قۇتلۇق يولدا كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى:

مېنىڭ ئىلگىرىمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى سېتىۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئاخشام كۆرگەن چۈشۈم بۇ ئارزۇيۇمغا يەنە بىر ئوت ياقتى. بۈگۈن بىر كۈن ئىشلىسەم يولۋاس ئاكام 30 يۈەن بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلۇشكۈن كەلگەن 60 يۈەن قەلەم ھەققىنى قوشۇپ، 80 يۈەنگە ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى كىتابپۇرۇشتىن «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسىدىن بىرنى سېتىۋالسام، قالغان ئون يۈەننى پارچە خىراجەتكە ئىشلەتسەم...

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ مېڭىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە يولۋاس يېنىدىن ئىش باشلىغان ئىش ئورنىغا كېلىپ قالدى ۋە تېزدىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خۇددى كونا ئىشچىلاردەكلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ بۇ جايدىكىلەردىن ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. قۇتلۇق كىچىكىدىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولغاچقا، قورۇلۇش ئورنىدىكى لاي ئېتىش، لاي توشۇش، سېمونت يۆتكەشتەك ئىشلاردا ئانچە قىينىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ھېچقانچە بىلىنمەيتتى. قورۇلۇش ئورنىدىكى تاغىلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا قوشۇلۇپ بىر كۈننى ناھايىتى تېزلا توشقۇزاتتى ۋە «خەير، كېلەر ھەپتە كۆرۈشەيلى» دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە يول ئالاتتى. قۇتلۇق بۈگۈن باشقىچە خۇشال ئىدى. تۇساتتىن يولۋاسنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قۇتلۇق! قۇتلۇق...

— ھە! يولۋاس ئاكا، بىرەر ئىش بارمىدى.

— شۇنداق، قىلىۋاتقان ئىشىڭنى قويۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگىنە، ساڭا تاپشۇرىدىغان ۋەزىپە بار.

— ماقۇل، ھازىرلا باراي.

قۇتلۇق لاي توشۇۋاتقان چېلەكنى تاشلاپ قويۇپ، يولۋاسنىڭ

يېنىغا باردى. يولۋاسنىڭ يېنىدا ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، 60 ياشلاردىن ھالقىغان، تۇرقىدىن ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. قۇتلۇق كەلگەندىن كېيىن يولۋاس ھېلىقى ئادەمگە:

— تۇغلۇق ئاكا، بۇياق بىزنىڭ ئىشتىن سىرت ئىشلەيدىغان ھەمراھىمىز، ئۇنىڭ زېھنى ئوچۇق، قولى ئەپلىك، سىلىنىڭ ھەر قانداق ئىشلىرىنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى ۋە قۇتلۇققا. — ئىنىم، بۇ تاغاڭنىڭ ئازراق ئىشى بار ئىكەن، سەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگىن، ھەققىڭنى ئوبدان بېرىدۇ، ماۋۇ 20 يۈەننى يېنىڭغا سېلىپ قوي، ئۇ يەردىكى ئىشنى تۈگىتىپ بولغۇچە كەچ بولۇپ كەتسە، بۇ يەرگە كېلمەن دەپ يۈرمە، تاغاڭنىڭ ئۆيىدە كېرەكلىك قورال - سايمانلار تولۇق بار ئىكەن، سەن ئېلىۋالمىساڭمۇ بولىدۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مەكتىپىڭگە ئۇدۇل قايت. ھەپتە ئارىلىقىدا ۋاقتىڭ بولسا كېلەرسەن، — دېگىنىچە ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. قۇتلۇق كىيىملىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي، سومكىسىنى ئېلىپلا ئۇ ئادەمگە ئەگەشتى. تۇغلۇق ئەپەندى بولسا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە خېلى زور ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن، بىر قانچە ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ئېلان قىلىنغان، پىشقان قەلەم ئىگىسى ئىدى. بۇ قۇتلۇق ئۈزۈندىن بېرى نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھەم يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان يازغۇچى مۇشۇمىدۇ؟ شۇ بولۇپ قالسا ئەجەب ياخشى بولاتتى - ھە! دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ، سالماق قەدەم بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تۇغلۇق ئەپەندى بولسا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ يېنىك قەدەم بىلەن كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئالاھەزەل يېرىم سائەت

ماڭغاندىن كېيىن، ئاددىي قىلىپ سېلىنغان بىر قورۇغا كېلىپ توختىدى.

— كەلدۇق ئۇكام، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — تۇغلۇق ئەپەندى شۇنداق دېگەچ ئىشىكنى ئېچىپ قۇتلۇقنى ئالدى بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئۆي ئالاھىدە بېزەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قېنى ئۇكام، يۇقىرىغا مەرھەمەت قىلىڭ، بىر پىيالىدىن چاي ئۇتلىۋېلىپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشەيلى، — دېدى تۇغلۇق ئەپەندى.

— رەھمەت تاغا، ئىشنى باشلاۋېرەيلىمىكىن.

— ھەي! نېمىدىن تارتىنىسىز. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام». قېنى يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، — تۇغلۇق ئەپەندى قۇتلۇقنى سۇپىغا چىقىشقا ئۈندىدى. بىراق قۇتلۇق چىڭ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇتىدا لاتا خەي، يىرتىق پايپاق بار ئىدى. تۇغلۇق ئەپەندى قۇتلۇقنىڭ كەيپىياتىدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ:

— ھەي!! ئۇكام، سىز نېمانداق تارتىنچاق، كىگىز-گىلەملەرنى پاسكىنا قىلىپ قويامدىمەنكىن دەپ قورۇنۇۋاتامسىز، ھېچقىسى يوق، جاھاندا ئادەمدىن، ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىدىن ئارتۇق نەرسە بولامدۇ، — دېدى ۋە قۇتلۇقنى مەجبۇرىي ھالدا ئۈستىگە چىقاردى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدىمۇ قانداق بىردەمدىلا ئۇنىڭدىكى قورۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق كەيپىياتى ئىگىلىدى. چۈنكى، ئۇ تا ھازىرغىچە بىرەر ئادەمدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان ۋە بۇنداق يېقىملىقلىقنى ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇلار پېچىنە-پىرەنىكلەرگە ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن، بىر پىيالىدىن چاينى ئۇتلىۋېتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيى ئادەتتىكى ئۆيلەردىن بولغاچقا، ئۆينىڭ

ئىچىگە پول ياتقۇزۇلمىغان ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى چاشقان ئاپىتىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن كىتابلىرى چاشقانلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنىدى، شۇڭا ئۇ كىتاب ساقلانغان ئۆينىڭ تېگىنى چىنە خىش بىلەن بېزەپ، بىر تەرەپتىن، چاشقانلارنىڭ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۆينىڭ پاكىز، دىلغا يېقىشلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. بۇ دەل بۈگۈن قىلىدىغان ئىش بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مەقسىتىنى قۇتلۇققا ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئاۋۋال ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا ئاچىقىۋېتەيلى، ئۆزۈم يالغۇز بولغاچقا، بەزىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئامالسىز قالغان ئىدىم. ئەمدى سىز بولغاندىكىن قىينالمايلا ئاچىقىۋېتەرمىز، — دېدى ۋە ئۇنى كىتاب قويىدىغان ئۆيىگە باشلاپ كىردى. قۇتلۇق كىتاب جازىسىغا تىزىلغان ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى. ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن كىتابلار ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق جىلمىيىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا شۇنچە كۆپ كىتابنى مۇشۇنداق بىر ئادەتتىكى ئۆيدە كۆرۈۋاتقانلىقىغا زادىلا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەر بىر كىتابقا كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ چاقىرىشىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىپ، تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە خىجىللىقىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇكام، ئەجەب ھەيران قالدىڭىزغۇ، گەپ قىلسام ئاڭلىمىدىڭىز، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، — دېدى تۇغلۇق



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com